

ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر بايانلار

# ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەر

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۇنيا دىن
تەتقىقاتى ئورنىنىڭ ئىسلام دىنى تەتقىقاتى
بۆلۈمى تۈزگەن

تەرجىمە قىلغۇچى: ھاجى خوجائابدۇللا ئوسمان

مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

伊斯兰教文化面面观：维吾尔文/霍加阿卜杜拉·乌斯满译.－2版.－北京：民族出版社，1999.1
ISBN 7－105－03317－7

Ⅰ.伊… Ⅱ.霍… Ⅲ伊斯兰教－宗教文化—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.B968

中国版本图书馆 CIP 数据核字（98）第 34401 号

民族出版社出版发行
（北京市和平里北街 14 号　邮编 100013　电话 010－64228007）
迪鑫印刷厂印刷
各地新华书店经销
1995 年 5 月第 1 版　　1999 年 4 月北京第 3 次印刷
开本：850×1168 毫米　1/32　　印张：10.5
印数：20,000 —25,000 册　　定价：12.00 元

本书根据齐鲁书社 1991 年 10 月第一版 1992年 8 月山东第二次印刷版本选译出版。
بۇ كىتاب چىلۇ نەشرىياتى 1991-يىل 10-ئايدا نەشر قىلغان 1-نەشرى، شەندۇڭ 1992-يىل 8-ئاي 2-باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ساۋۇت سالاھىدىن
مەسئۇل كوررېكتورى: خۇدابەردى خېلىل

# ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەر

## تەرجىمە قىلغۇچى: ھاجى خوجا ئابدۇللا ئوسمان

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ،
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون: 64228007—010)
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: دىشىن باسما زاۋۇتى
1995-يىل 5-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1999-يىل 4-ئايدا بېيجىڭدا 3-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 12.00 يۈەن سانى: 25000—20000

# كىتابخانلارغا

ئىسلام مەدەنىيىتى، ماھىيەتتە، ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلغان بىر خىل مەدەنىيەت. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ دىنىنى ئاساس قىلىشىنى ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى بەلگىلىگەن. چۈنكى، ئىسلام دىنى بارلىققا كەلمىگەن بولسا، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭمۇ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. لېكىن بۇ، ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئىسلام مەدەنىيىتى ئىسلام روھىنى يادرو قىلىپ، چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ گۈللەنگەن. ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلىش ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. شۇڭا، ئىسلام دىنى ھەم ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى، ھەم ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ جېنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنىنى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى دېگەندە، ئۇنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ گەۋدىسى ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ئۇنى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ جېنى دېگەندە، ئۇنىڭ ئىسسلام مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە ساھەسىگە سىڭىپ كەتكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى ئۇنىڭ ئادەمگە تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر ھەم ئىنتايىن كەڭ. بۇنداق بولۇشى، ئاساسەن، ”دىنىنى ئاساس قىلىش“ ئىدىيىسىنىڭ رول ئوينىغانلىقىدىندۇر.



试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.co

شۇ سەۋەبتىن، ئىسلام روھى مۇسۇلمانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرىپىگە سىڭىپ كەتكەن.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، چېتىلىش دائىرىسىمۇ ناھايىتى كەڭ. ئۇ، بىر تەرەپتىن، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى، تەپسىرشۇناسلىق، ھەدىسشۇناسلىقا ۋە دىنىي ئەھكاملارغا دائىر مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەت ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەت دېگەندە، ئاساسەن، ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئەرەبلەر بويسۇندۇرغان جايلارنىڭ مەدەنىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بويسۇندۇرۇلغان نۇرغۇن جايلار ئەينى ۋاقىتتا قەدىمكى شەرق مەدەنىيىتى بىلەن قەدىمكى يۇنان، رىم مەدەنىيىتى بىرلەشكەن ۋە تەرەققىي قىلغان جايلار ئىدى. ئەرەبلەر بۇ جايلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئىنسانلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ئاكتىپ روھنى ئىپادىلىدى. ئۇلار بۇ جايلاردا، بىر تەرەپتىن دىن تارقىتىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنى سىرتقا چىقاردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەندى، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇردى ھەم يېڭىدىن ياراتتى، شۇنىڭ بىلەن، بۇ مەدەنىيەت ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئايلاندى. ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتى بولسا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس ئورگانىك قىسمىدۇر.

دېمەك، ئىسلام مەدەنىيىتى پۈتكۈل مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت. ئۇ — ئىنتايىن كەڭ بىر ساھە، ئۇنى بىرنەچچە پارچە ماقالە ياكى بىرەر كىتاب بىلەنلا ئەتراپلىق

ۋە چوڭقۇر تونۇشتۇرۇپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلام مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل پەن ۋە بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشنى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى بىلىملىرىدىن ئوبدانراق خەۋەردار بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنى بولسا ھە دېگەندىلا ئورۇنداپ كېتىش ئانچە ئاسان ئەمەس. بۇ كىتابتا ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەر قىسقا ۋە ئىخچام تونۇشتۇرۇلغان، بۇ تونۇشتۇرۇش دائىرە جەھەتتىن چوڭقۇر بولۇپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام مەدەنىيىتى دائىرىسىگە كىرىدىغان ئاساسىي تەرەپلەر ۋە مۇھىم مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىشىنىمىزكى، بۇ كىتاب كىتابخانلارنى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق بىلىمگىلا ئىگە قىلىپ قالماستىن، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى، ئۇنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى، مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، ئۇنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى ھالىتى توغرىسىدا بىر قەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچىگىمۇ ئىگە قىلىدۇ.

كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشىغا ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىد بىلەن، بۇ كىتابنىڭ مېغىزلىق يەرلىرى تاللاپ تەرجىمە قىلىنىدى. تەرجىمە جەريانىدا، مەزمۇنى كەمتۈك بولۇپ قالغان يەرلىرى تولۇقلاندى، بىرنەچچە ماۋزۇغا چېچىلىپ كەتكەن، تەكرار بولۇپ قالغان مەزمۇنلار ئىخچاملاندى، چۈشەنچىنىڭ سىستېمىلىق بولۇشى ئۈچۈن بەزى ماۋزۇلارنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلدى؛ كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، تىل ئىستېمالىمىزدا كۆپ ئۇچرىمايدىغان، زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن ئىشلىتىلگەن ئايرىم سۆزلەر ۋە دىنىي ئاتالغۇلارنىڭ

بەزىسى تېكىستتە تىرناق ( ) ئىچىدە ئىزاھلاندى، بەزىسىگە "ت" بەلگىسى بىلەن (دەسلەپ ئۇچرىغان يېرىدىلا) بەت ئاستىغا ئىزاھ بېرىلدى. تەرجىمىدە خاتا بولۇپ كەتكەن يەرلەر بولسا، كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمەن.

تەرجىمان

1995-يىل 1-ئاي

# مۇقەددىمە

1989 - يىلى 10 - ئايدا ، شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى چىلۇ نەشرىياتى دۇنيا دىن تەتقىقاتى ئورنىنىڭ ئىسلام دىنى تەتقىقاتى بۆلۈمىنى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن بىر ئاممىباب كىتاب يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى، پۈتۈن بۆلۈمدىكى يولداشلار بۇ خىزمەتنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، مەسىلەن، ئۇ ئۆزۈل-كېسىل بىر خۇدالىق دىن بولغاچقا، بۇتپەرەسلىككە، مۇشرىكلىك (كۆپ خۇدالىق)كە قارشى تۇرىدۇ، مەسچىتلەردە بۇت-ھەيكەللەرنى قويمايدۇ. بۇ كىتابتىكى تېمىلارنى بېكىتىش جەھەتتە، ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە نەزەرگە ئېلىنىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەر نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلدى. بۇ كىتابتا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئېتىقادى، قائىدە-يوسۇنلىرى، ھېيت-بايراملىرى، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا، شەرىئەت (ئىسلام دىنى قانۇنلىرى)، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي مەزھەپلىرى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي پەنلىرى ۋە تەبىئىي پەنلىرى كۆپرەك تونۇشتۇرۇلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، ئىسلام پەلسەپىسى، ئەدەپ-ئەخلاقى، ئەدەبىياتى، سەنئىتى، رەسساملىقى، بىناكارلىقى، خەتتاتلىقىغا دائىر بىلىملەرمۇ تونۇشتۇرۇلدى. بۇ كىتابتا بەزى مىللەتلەر (مەسىلەن، تۈركىي مىللەتلەر، موڭغۇللار) نىڭ ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەم ئىسلام دىنىنىڭ بۇ

مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئۇلارنىڭ تىل-يېزىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، شۇنداقلا ئىسلام دىنى بىلەن باشقا دىنلار ۋە تەلىماتلارنىڭ بىر-بىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى تونۇشتۇرۇلدى. ئىسلام دىنى بۇ دۇنيالىقتا ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن بولغاچقا، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ، بولۇپمۇ ھازىرقى زاماندىكى ئىجتىمائىي سىياسىي تۇرمۇشتا. ئىسلام دۇنياسى ۋە ئىسلام رايونلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن كىشىلەر ئۆزىنى چەتكە ئالالمىدى. بەزى ئالىملار ھەتتا ئىسلام دىنىنى "ئىنقىلابىي ئىسلام دىنى"، "سىياسىي ئىسلام دىنى" دەپ ئاتىسا، يەنە بەزى ئالىملار بۇ رايونلاردىكى پائالىيەتلەرنى "سىياسىينىڭ ئىسلاملاشتۇرۇلۇشى"، "ئىسلامنىڭ سىياسىيلاشتۇرۇلۇشى" ۋەھاكازا دەپ ئاتىماقتا. كىتابخانلارنىڭ ئىسلام دىنى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، بۇ كىتابتا ئىسلام دىنىنىڭ نۆۋەتتىكى خەلقئارا سىياسىي تۇرمۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلىرى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى ھەم ئىجتىمائىي ھەرىكەتلىرىمۇ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى. رايون دائىرىسىدىن ئالغاندا، بۇ كىتابتا ئىسلام دىنىنىڭ جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى ئەھۋالى كۆپرەك تونۇشتۇرۇلدى، ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگودىكى ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك تونۇشتۇرۇلۇشى بولسا ئۆز-ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك. جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى باشقا رايونلاردىكى ئىسلام دىنىغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىك ۋە خاراكتېرگە ئىگە. بۇ كىتابتا ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا قاچان تارقىلىپ كىرگەنلىكى، جۇڭگودىكى مەشھۇر مەسچىتلەر، ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگونىڭ پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلىرىدىكى تۆھپىسى، شۇنىڭدەك ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى

مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارمۇ تونۇشتۇرۇلدى. سەھىپە چەكلىك بولغاچقا، بۇ كىتابتا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي تارىخى، مەزھەپلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئانچە كۆپ توختالمىدۇق.

بۇ كىتابنى يېزىشقا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى ئورنىدىن ۋاڭ جۇنرۇڭ، فېڭ جىنيۈەن، ۋۇ يۈنگۈي، شا چيۇجېن، لى شىڭخۇا، جىن يىجيۇ، جۇ شىيېفەن، جۇ گولى، جىن خۇيبىن، دەي كاڭشېڭلار، چەت ئەل ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئورنىدىن لى چېن، يۈەن ۋېنچى، ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان تەتقىقاتى ئورنىدىن جاڭ يۈيلەن، غەربىي ئاسىيا-ئافرىقا تەتقىقاتى ئورنىدىن تاڭ باۋسەي، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىدىن رەيھان، شۇنىڭدەك خەلقئارا مەسىلىلەر تەتقىقاتى مەركىزىدىن شۆي جۇنياۋ، بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى شۆيۈەنىدىن لى ۋېنيەن، غەربىي شىمال داشۆسىدىن ۋاڭ خۇەيدې، جاڭ لەيىي، يۈنەن داشۆسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا تەتقىقاتى ئورنىدىن شياۋ شيەن قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى. جىن يىجيۇ يېزىشنى ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى ۋە پۈتۈن كىتابنى باشتىن-ئاخىر ئوقۇپ، بىرلىككە كەلتۈرۈپ چىقتى. بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا بەزى ئىسىملار، ئۇقۇملار ۋە مەخسۇس ئاتالغۇلارغا زۆرۈر ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلدى، لېكىن يەنە ئەسلى ئۇسلۇبىمۇ ساقلاندى. ھەربىر ماۋزۇدا بايان قىلىنغانلىرى شۇ ماۋزۇنى يازغان ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلمىي نۇقتىئىنەزىرىدىن ئىبارەت. ئاپتورلار ماقالىلەرنى يېزىش ۋاقتىدا مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن ئەسەر ۋە ماتېرىياللاردىن پايدىلاندى. سەھىپە چەكلىك، ماۋزۇلار كۆپ بولغاچقا، بۇلارنىڭ قەيەردىن ئېلىنغانلىقىنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىش مۇمكىن بولمىدى، بۇ يەردە بۇ ئاپتورلارغا ھۆرمەت ۋە تەشەككۈر



试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com

بىلدۈرىمىز. بۇ كىتابتىكى ماۋزۇلارنى تىزىش ۋە مەزمۇننى بايان قىلىش جەھەتتە خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، كىتابخانلارنىڭ تەنقىد ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى قارشى ئالىمىز.

حس سحو

1990-يىل 6-ئاي

## مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ جىن يىجيۇ

1. ئىسلام دىنى قانداق دىن؟ ................................ 1

2. ئىمان دېگەن نېمە؟ ........................................ 8

3. ئىسلام دىنىدىكى ئاساسىي پەرزلەر قايسى؟ ......... 12

4. پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ ........................ 16

5. «قۇرئان كەرىم» قانداق كىتاب؟ ...................... 17

6. ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى نېمە ئۈچۈن ئىلاھ ئەمەس؟ ................................................. 20

7. ئىسلام دىنى نېمە ئۈچۈن بۇتقا چوقۇنۇشنى قاتتىق چەكلەيدۇ؟ ................................................. 24

8. نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار كەئبىگە قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ؟ ................................................. 29

9. زاكات بىلەن سەدىقىنىڭ پەرقى نېمە؟ ................ 30

10. ئىسلام دىنىدا سۆزلىنىدىغان جەننەت قانداق جاي؟ ...... 34

11. ئىسلام دىنىدا سۆزلىنىدىغان دوزاخ قانداق جاي؟ ......... 37

12. ئىسلام دىنىنىڭ يېمەك-ئىچمەك جەھەتتە قانداق چەكلىملىرى بار؟ ................................................. 39

13. ئىسلام دىنىنىڭ ئۆلۈم ئۇزىتىش مۇراسىمىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟ ................................................. 43

14. ئىسلام دىنىدىكى "تاھارەت" ۋە "خەتنە" دېگەنلەر قانداق ئىش؟ ................................................. 46

15. ئىسلام دىنىدا قانداق مۇھىم ھېيت-ئايەملەر بار؟ ئۇنىڭدىكى ئادەتلەر قانداق؟ ...................... 49
16. ئىسلام دىنىنىڭ ھىلال ئاي بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ................................................ 51
17. ھىجرىيە كالېندارى قانداق ھېسابلاپ چىقىلغان؟ ...... 54
18. دەسلەپكى چاغلاردا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش جەريانى ۋە تارقىتىش ۋاسىتىسى قانداق بولغان؟ .............. 57
19. ئىسلام دىنى تارقالغان رايونلار قانداق ئىسلاملاشتۇرۇلغان؟ ................................ 61
20. خەلىپىلىك تۈزۈم دېگەن نېمە؟ ..................... 65
21. ئىسلام مەدەنىيىتى قانداق شەكىللەنگەن ۋە گۈللەنگەن؟ ................................................ 69
22. تەپسىرشۇناسلىق دېگەن نېمە؟ ..................... 73
23. ھەدىس ۋە ھەدىسشۇناسلىق دېگەن نېمە؟ ......... 76
24. "ئالتە ھەدىس توپلىمى" قايسىلار؟ ................. 78
25. شەرىئەت دېگەن نېمە؟ ئۇ نېمىشقا يەنە مۇقەددەس قانۇن دەپ ئاتىلىدۇ؟ ....................................... 80
26. شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن گۇناھى كەبىرەلەر قايسىلار؟ .............................................. 84
27. تۆت فىقھە مەزھىپى قايسىلار؟ ئۇلارنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟ ................................ 88
28. شەرىئەتنىڭ تۆپ مەنبەسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ ...... 91
29. شافىئىي فىقھە ئىلمىگە قانداق تۆھپە قوشقان؟ ...... 96
30. سۈننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپىنىڭ فىقھە جەھەتتىكى پەرقى نېمە؟ .............................. 102
31. "ئىجتىھاد يولى ئېتىلدى تەلىماتى" دېگەن نېمە؟

ئۇ ئىسلام تارىخىدا قانداق تەسىر پەيدا قىلغان؟ ... 106
32. شەرىئەت بىلەن دىندىن خالىي قانۇننىڭ پەرقى
نېمە؟ ........................................ 110
33. ھازىرقى زامان فىقھە ئىلمىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى
بار؟ ........................................ 114
34. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان شەرىئەتتە قانداق ئۆزگىرىش-
لەر بولدى؟ .................................. 118
35. ئىسلام پەنلىرى قانداق كېلىپ چىققان؟ ............... 122
36. ئىسلام مائارىپى سىستېمىسى قانداق شەكىللەنگەن؟ .. 126
37. ئىسلام دىنىنىڭ ئالەم توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى نېمە؟ ... 130
38. نېمە ئۈچۈن ماتېماتىكا ئىسلام ئەنئەنىسىدە "ئالاھىدە
ئورۇن" دا تۇرىدۇ دەيمىز؟ .......................... 132
39. مۇسۇلمانلار ئاسترونومىيىگە قانداق تۆھپە قوشقان؟ ... 136
40. مۇسۇلمانلار فىزىكىغا قانداق تۆھپە قوشقان؟ ......... 139
41. ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى تىببىي ئىلمى ئەمەلىيىتىنىڭ
قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟ .......................... 142
42. مەھكىمە شەرئىي ۋە قازىلىق قانداق ئەدلىيە
تۈزۈمى؟ ......................................... 146
43. ئىسلام پەلسەپىسى دېگەن نېمە؟ ...................... 150
44. مەشھۇر دانىشمەن ئىبنى سىنانىڭ قانداق مۇھىم
تۆھپىلىرى بار؟ .................................. 157
45. سوپىلىق دېگەن نېمە؟ .............................. 161
46. "سوپى" دېگەن سۆز قانداق كېلىپ چىققان؟ ...... 167
47. ئىسلام ھۆكۈمەتتى دائىرىلىرى نېمە ئۈچۈن بەزى
تەسەۋۋۇپچىلىق ئاقىللىرىنى قوبۇل قىلغان؟ .......... 171
48. ئىشان دېگەن نېمە؟ ................................ 176

49. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۇنگانلار بىلەن جۇڭگودىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ...... 178

50. ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق قارىشى قانداق؟ .............. 183

51. تۈركىي خەلقلەر ئىسلام دىنىغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟ ........................................ 187

52. مۇڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ئىسلام دىنىغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟ .................... 191

53. خرىستىئان دىنى ئىسلام دىنىغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟ ........................................ 195

54. يەھۇدىي دىنى ئىسلام دىنىغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟ ........................................ 198

55. ئىسلام دىنى ھىندى دىنىغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟ ........................................ 203

56. ئىسرا ۋە مىراج دېگەن نېمە؟ .................... 205

57. تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ شېئىردىكى "دىلبەر"، "رەنا" ۋە "مەي"، "شاراب" دېگەن سۆزلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى نېمە؟ ........................................ 208

58. «مىڭ بىر كېچە» نىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟ ........................................ 210

59. «گۈلىستان» بىلەن «بوستان» نىڭ مۇئەللىپى كىم؟ ........................................ 213

60. خوجا ھاپىز شىرازى نېمە ئۈچۈن "شىراز بۇلبۇلى" دەپ تەرىپلەنگەن؟ ........................................ 219

61. «قۇتادغۇ بىلىك» نېمە ئۈچۈن مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتى؟ ......... 220

62. «تۈركىي تىللار دىۋانى» قانداق لۇغەت؟ ......... 224

63. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قانداق كىتاب؟ ........ 226
64. "ۋەھھابىي مەزھىپى" دېگەن نېمە؟ ........ 228
65. پان ئىسلامىزم دېگەن نېمە؟ ........ 231
66. سەلەفىييە ھەرىكىتى قانداق ھەرىكەت؟ ........ 235
67. يېڭى ئىسلام ئەنئەنىچىلىكى دېگەن نېمە؟ ........ 238
68. ئىسلام سوتسىيالىزمى دېگەن نېمە؟ ........ 243
69. شەرىئەتنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئىسلام دىنىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ........ 248
70. ئىراننىڭ "ئىسلام ئىنقىلابى" قانداق ئىش؟ ........ 252
71. ئىران-ئىراق ئۇرۇشى دىنىي ئۇرۇشمۇ؟ ........ 256
72. دۇنيا مۇسۇلمانلار كېڭىشى ۋە ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى دېگەنلەر قانداق تەشكىلات؟ ........ 260
73. ئىسلام دىنىنىڭ ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىغا بولغان تەسىرى قانداق؟ ........ 264
74. ھازىر ئىسلام دۆلىتىدىن قانچىسى بار؟ ........ 269
75. ئىسلام رەسساملىق سەنئىتىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟ ........ 271
76. ئىسلام خەتتاتلىقى قانداق تەرەققىي قىلغان؟ ........ 275
77. تارىختا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىلىم مەركىزى قەيەرلەردە بولغان؟ ........ 281
78. ئىسلام دىنى جۇڭگوغا قاچان تارقىلىشقا باشلىغان؟ جۇڭگودىكى قايسى-قايسى مىللەتلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ؟ ........ 287
79. جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى




试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com